# 79 مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمھالى

مەنبە:www.uyghurqq.com
ئىشلىگۈچى :ئۇيغۇر يانفۇن تورى
تېخىمۇ كۆپ ئىلكتاب چۈشۈرۈش
http://www.uyphone.org

**1. مەھمۇت قەشقەرى ( 1008-1105 )**

**بۈيۈك ئالىم ، تىلشۇناس . شاھانە ئەسەر » تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ مۇئەللىپى . ئۇ خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ ، بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت ، قەشقەردە**

مەدرىسە ئېچىپ         مۇدەررىسلىك قىلغان   .   ئۇنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرى بارلىقى مەلۇم بولسىمۇ ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق . ئەمما 97 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئوپالغا دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم .

.2يۈسۈپ خاس هاجىپ
( 1085-1018 )
قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە
( 880-1212 )مەيدانغا چىقىپ
ئۆزىنىڭ « قۇتادغۇبىلىك » ( «
بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى
بىلىم ) ناملىق زور ھەجىملىك
داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدا بۇيۈك بىر ئابىدە

تىكلىگەن شائىر . ئۇنىڭ بۇ
دېداكتىك داستانى ئۆز ئىچىگە
ئالغان غايەت زور بىلىم مەنبەسى
ئارقىلىق كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ
تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، دۇنيا
مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تېگىشلىك
ئورۇن ئالغان .

.3فارابى ( 870-950 )

«شەرق ئارستوتېلى » نامى بىلەن تونۇلغان ئۇيغۇر قارلۇق ئالمى ئەبۇ نەسر فارابى پۈتكۈل ھاياتىنى ، بارلىق زېھىن - قۇۋۋىتىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان . ئۇ ئۆزىنىڭ نادىر ، مول ۋە ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر جاھان ئىلىم - پەن مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ

كەتكەن . ئۇنىڭ تەلماتلىرى ئوتتورا ئەسىردە شەرق دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ، ئالماي ، بەلكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغىمۇ سالماق تەسر كۆرسەتكەن .

.4ئەلشىر نەۋائى

( 1510-1441 )
شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۈلتاجى بولغان ، ئەجادى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ شانلىق ئىپتىخارى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ھىراتتا تۇغۇلغان ۋەيەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . ئەلىشىر

نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ناھايتى كۆپ بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە « خەزائىنۇل مەئانى » ناملىق دىۋانى بىلەن « خەمسە » ناملىق داستانلار توپلىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ .

.5سۇلتان سەئىدخان ( 1490 - 1533 )

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

قوْرغوْچسى ، شائىر سوْلتان
سەئىدخان ئىستىپداتلىق ،
مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن ،
يەكەن خانلىقىدا ئەدەبىيات ۋە
سەنئەت ئىشلىرى جوْش ئوْرۇپ
راۋاجلىنىپ زور نەتىجىلەر قولغا
كەلگەن . سوْلتان سەئىدخانىمۇ
ئوْيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا نوْرغوْن
شېئىرلارنى يازغان . ئەمما

دەۋرىمىزگە كۆپ يېتىپ كېلەلمىگەن .سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە قىلىنغان بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە 43 يېشىدا ۋاپات بولغان .

.6ئۆمەر ھەييام (1123- 1040 ) نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ ، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان م ۇتەپەككۇر ، شائىر ۋە

ئاسترونوم ئىدى . ئۇ سالجۇق تۈرك شاھلىرىدىن مالىك شاھ ھۇزۇرىدا ، ۋەزىر نىزامىمۇلك ھامىيلىقىدا « مالىك شاھ ئاسترونومىيلىك جەدۋىلى «نى ئىشلەپ ، سالجۇقىيلار كالېندارىنى تۈزگەن . ئۇ «ھېساب مەسىلىلىرىنىڭ يېشىلىشى ۋە ئىسپاتى » « ئارفمېتىكىدىكى قىيىن مەسىلەر » قاتارلىق

ئەسەرلىرىنى ۋە كۆپلىگەن ئۆتكۈر پىكىرلىك رۇبائىيلارنى يېزىپ ، خەلق قەلبىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان .

7.سەئدى ( 1203 ~ 1292 ( ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس شائىرى . ئۇ « بوستان » ۋە « گۈلىستان » ناملىق ئۆلمەس

ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا
جامائەتچىلىكىگە تونۇشلۇق .
سەئىدى ئۆچ ياشلارغا كىرگەندە
ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ نامراتلىق
ئىچىدە چوڭ بولغان ۋە دەرۋىش
بولۇپ ، يىگىرمە يىللىق
سەرگەندانلىق ھاياتىنى باشتىن
كەچۈرگەن . سەئىدى ئاخىرقى
ئۆمرىدە شىراز شەھرىنىڭ

ئەتراپىدىكى  ئاددىي بىر ك  ەپىدە
تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەم ۋاپات
بولغاندىن كېيىن شۇ يەرگە دەپنە
قىلىنغان .

**.8برۇنى ( 973 ~ 1044 (**

ئەبۇ رەيھان ئەل برۇنى خارازەمدە
تۇغۇلغان ، كېيىن غەزنىنگە كۆچۈپ
بارغان ھەمدە كۆپ يىل ھىندىستاندا

مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان . «
ھىندىستان تەزكىرىسى » «
قەدىمكى ي ادىكارلىقلار » «
مەسئۇدى ئاسترونومىيىسى ۋە
مۇنەججىمشۇناسلىق قائىدىلىرى
» ... قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان .
ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە يەر شارىنىڭ
مېرىدىئان ۋە پاراللېل گرادۇسلىرىنى
ھەممىدىن ئاۋۋال توغرا ئۆلچەپ

چىققان ئالىم بولۇپ قالغان .

.9زەللى ( 1745 ~1672 )
تىللىنىڭ گۈزەللىكى ، پىكىرلىرىنىڭ
چوڭقۇرلۇقى ، ئوخشىتىشلىرىنىڭ
چىرايلىقلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس
ئالاھىدە ئۇسلۇپ ياراتقان شائىر
مۇھەممەد سىددىق زەللى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان

**نامايەندىلىرىدىن بىرى . شائىرنىڭ بەزى مىسرالىرىدىن ئۇنى تەخمىنەن 17 ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ ، ئەمما شائىرنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈپ ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق « سەپەرنامە » داستانى شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە**

ئەسرىدۇر .

**. 10خاراباتى ( 1638~1730 (**

**شائىر مۇھەممەت بىن نى ئابدۇللا خاراباتى ئاجسۇدا ياشىغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بارلىق مال - مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپ ، ئاشىق سۆپەت كۆن ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ جاھالەتلىك**

دەۋرانغا قارشى شكايەتنامسى بولغان « كولليات مەسنەۋىخاراباتى » ناملىق توپلىمنى ئىشلەپ چىققان . شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلق ئۇنى ھۆرمەتلەپ ھەيۋەتلىك « ھاجى خاراباتى خانىقاسى » نى بىنا قىلىپ ، ئۇنى داۋاملىق ئەسلەپ كەلگەن .

**11.نىزامى ( 1141~ 1209 )**

**كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېپىك داستانلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شائىر نىزامى گەنجىۋى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گەنچ شەھرىدە تۇغۇلغان . ئۇ ئىسلام مەدرىسىسىدە بىر نەچچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن سىرت ، كۆپ ۋاقتىنى**

ئۇ . ئجاديەتكە سەرپ قىلغان
شەرقنىڭ « خەمسە » چىققان يېزىپ
بىرى داستانلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەڭ
نەۋائىمۇ ئەلىشىر شائىر ، بولۇپ
تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇنىڭ
ئۇچرىغان .

12.فىردەۋسى ( 934~ 1020 )
«شاھنامە » ناملىق شاھەنە

ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ، مەشھۇر ئىران شائىرى ، تولۇق ئىسمى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى . ئۇ بۈگۈنكى ئىران چېگرىسى ئىچىدىكى خۇراسان ئوبلاستىدا دۇنياغا كەلگەن . فىردەۋسىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆز يېرىدە پاتقۇزمىغان بولسىمۇ ، ئۇ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان . خەلقنىڭ قەدىرلىشىگە

ئېرىشكەن . « شەھنامە «نى
ھەرخىل نۇسخىلىرى ۋە پارچىلىرى
ھەر قايىسى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى
ۋە مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە
قىلىنغان c .
>
.13تەجەللى (1850 (1930 ~
ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئىككى
دەۋرنى ، يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللى ھەززەت قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە 80 يېشىدا ۋاپات بولغان . تەجەللى يېتىلگەن شائىر ۋە تېۋىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئىگە

بولغان . ئۇ كۆپ تىللىق شائىر بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس ، پارس ، ئەرەب ھىندى تىللىرىدىمۇ شېئىر يېزىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان .

**14.ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ( 1923~ 1995 )**

**» ئىز «، » ئويغانغان زېمىن »**

**قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان مەشھۇر ئالىم ، يازغۇچى ، تارىخچى ۋە تىلشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى خەلق ئەدىبلەرىنىڭ بىرىدۇر .**

**ئۇ ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ ، ئېگىلمەس - سۇنماس**

روهى بىلەن ئۇخۇشسىزلىقلار
ئۇستىدىن غالىب كېلىپ ، ناھايىتى
ئېسىل مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى .

.15 ئابدۇقادىر داموللام
مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ، تەرەققىيپەرۋەر
زات ، تونۇلغان ئىجتىمائىي
پائالىيەتچى ،شائىر ئابدۇقادىر بىننى
ئابدۇۋارىس قەشقىرى ) تەخەللۇسى

غازى ) ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا
دۇنياغا كەلگەن . ئۇ يېگى ئىلىم -
پەن ئارقىلىق خەلقنى نادانلىق ،
جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر
بويى كۆرەش قىلغان . شۇ دەۋرنىڭ
ئېھتىياجىغا ئاساسەن ناھايىتى كۆپ
دەرسلىكلەرنى تۈزگەن . نەتىجىدە
مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ
دۈشمەنلىكى ، ساتقىنلارنىڭ قۇل

سىلشى بىلەن ئۆز كۆتۈپخانىسىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن .

## 16.ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ( 1933~1995 )

»غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى » ،« قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا « قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئالىم ئابدۇشۈكۈر

مۇھەممەتئىمىن ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا تۇغۇلغان . ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ ، ھېلىھەم ئېلىن قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسەرلىرى ئاز ئەمەس . ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خەلقئاراغا تونۇشلۇق ئالىم بولۇپ ، بىلىمخۇمار ئەۋلادلىرى قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

17.مەمتلى ئەپەندى

( 1937~1901 )

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى ، هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ۋەكىلى ، ئوت يۈرەك شائىر مەمتلى توختاجى ( تەخەللۇسى تەۋپىق ) ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن . ئۇ

قسقغىنا 36 يىللىقى ھاياتىدا ئۆز
خەلقىنىڭ مائارىپى ئۈچۈن ،
ئەدەبىياتى ئۈۈن ئۆچمەس ئىز
قالدۇرغان . ناھايىتى كۆپ بىلىملىك
زىيالىيلارنىڭ بېشىغا چىققان قانخور
جاللات شىڭ شىسەي مەتلى
ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىدىن
ئەنسىرەپ ،ئۇنى كۆپدۇر ۋپ
ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

18.لۇتپۇللا مۇتەللىپ ( 1922 ~ 1945)

ئوت يۈرەك شائىر ، ئىنقىلابىي جەڭچى ، « يىللارغا جاۋاپ » ، « خىيالچان تىلەك » قاتارلىق ئۆلمەس شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ( تەخەللۇسى قايىنام

ئۆركشى ) ئۆزننىڭ قسقغىنا 23
يىللىق ھاياتىدا پەقەت توققۇز يىل
ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللانغان بولسىمۇ ، ئاز بولمىغان
قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ،
ۋەتىنى ، خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتتى .
ئۇ ئاشۇ مىراسلىرى بىلەن ئۇيغۇر
ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ
ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ .

**19.موللا زەيدىن ( 1815~ 1881 )**

مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن لۈكچۈندە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ تىغ ئۇچى ۋالىي ، غوجىلارغا قارىتىلغان بولغاچقا ، ئوردىن سەككىز قېتىم قوغلانغان .

ئەپسۇسكى ، ئۇ ھەجۋىي قوشاق ، چاقچاقلىرى ئارقىلىق قازىكالانلاردىن ۋاڭ - غوجىلارغىچە ، ئالدامچى سوپىلاردىن چالا مولللارغىچە پاش قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ چوڭقۇر ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن . موللازەيدىن چاقچاقلىرى ھېلىھەم خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە .

20. زوردۇن سابىر ( 1937~ 1998 )

«ئانا يۇرت» . «ئىزدىنىش» ، «ئۇنتالمايمەن گۈلسارە» «ئاۋرال شامالللرى» «ئاتا» «خىرە دېرىزە» «دولان ياشلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ، زوردۇن سابىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگە خاس

مىللىي پسىخكسىنى قېزىشقا ،
قويۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقنى
چقىرىشقا ماھىر بولۇش سۈپىتى
بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر
پروزىچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇن
تۇتىدۇ .

.21ئابلىز نازىرى ( 1925~
1994 )

تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. 1945 -يىلى « شىنجاڭ گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان « سىگنالغا » ناملىق شېئىرى بىلەن ئەجادىيەتكە كىرىشكەن . شۇنىڭدىن كېيىن « كۆڭلۈم سەندىدۇر » « ئالتاي پارتىزانلىرى خاتىرىسى » « مۇجۇلغان يۈرەكلەر » « مۇڭلۇق ئالچۇق » ، « چېچەك پەسلى »

**قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت قۇشۇلنىنى تەشكىللەش ، تەربىيىلەش ، ئىنتىپاقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنتۇلماس خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن .**

**22.ئابلىز ھاجى ( 1911~ 1987 )**

يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئۆمرىنى
سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان
پېشقەدەم ئارتىس ۋە رېژىسسور ئابلىز
هاجى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان
بولۇپ ، 1942- يىلى « سامساق
ئاكاڭ قايىنايدۇ » ، « قانلىق داغ «
»غېرىپ -سەنەم » قاتارلىق سەھنە
ئەسەرلىرىگە رېژىسسورلۇق قىلىپ ۋە
ئۆزى رول ئېلىپ زور شۆھرەت

قازانغان .
ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر سەنئەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ۋە قازانغان نەتىجىلىرى سەنئەتخۇمارلار قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ .

.23رائىلە خانىم ( 1860~ 1917 )
ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ تارىخىدىكى

**تۆنجى مۇئەللىمە - ئاتۇش « مەكتىپىنىڭ » ھۈسەينىيە - موللا مەئەللىمەسى رائىلە خانىم - ئاچا « ھۈسەينىيە مەكتىپى » دە 2 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئىزچىل تۆردە قىزلارنى تەربىيلەش بىلەن بىگى مەكتەپ مائارىپىدا بىردىنبىر تۆنجى ئايال مائارىپنى ھاياتىنىڭ مەزمۇنى قىلغان . مائارىپنى كەڭ**

ئايالالارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئالىي غايىسى قىلىپ ، بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن .

.24ئەبرابايى ( 1860~ 1938 ( -1930يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر شەھىرىدە 12 سىنىپلىق دارىلئېتام مەكتىپى سېلىپ ، سەككىز سىنىپقا يېتىم قىزلارنى قوبۇل قىلىپ ،

بالىلارنىڭ بارلىق چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يېتىملارنىڭ غەمگۇزارى ، پۈتۈن شىنجاڭغا نامى تارالغان مەرىپەتپەرۋەر زات ئەبرابايى « يوقسۇللارنى يىغىپ قوزغىلاڭ قىلماقچى » دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنىپ ، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

.25ئەخمەتجان قاسىمى ( 1914~ 1949 )

»ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى » نىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى . زۇلۇمغا ، ئېزىلىشكە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان ئەزىمەت ئوغلان ئەخماتجان قاسىمى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن

قورقماس جەڭچىلەرنىڭ سەركىسىدۇر . ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ، مائارىپى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بولۇپ ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

**26.ئەلقەم ئەختەم (1922~ 1995 )**

شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇر ھازىرقى
زامان ئەدەبىياتىنىڭ
ئاساسچىلىرىدىن بىرى . ئۇنىڭ «
ئۇمىد دولقۇنلىرى » « كۆرەش
دولقۇنلىرى » قاتارلىق شېئىرلار
توپلاملىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ ،
تىلىنىڭ يېنىكلىكى ، رىتىمىنىڭ
جۇشقۇنلۇقى بىلەن قەلبلەرەە ئىشەنچ
بېغىشلاپ بىزنى يۈرەكلىك ئالاغا

**بىسشقا ئۆندەيدۇ .**

**27.ئەلائىددىن خوتەنى ( 1150 ~ 1222 )**

**قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك تېببىي ئالىملا    ر قاتارىدا بارلىقنى ئۇيغۇر تېبابىتىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان تەببىي ئۇستاز    ئەللامە ئەلائىددىن**

مۇھەممەت خوتەنى ئۆز دەۋرىدە
نامى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ چەت
ئەللەرگە قەدەر تارقالغان شەخس
بولۇپ ، ناھايىتى كۆپ تىببىي
ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان . ئۇ
موڭغۇل خانى كۈچلۈك تەرىپىدىن
قەتل قىلىنغان بولۇپ ، ھازىرغىچە
ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر ياد
ئېتىلمەكتە .

**28.ئەمەت ئۆمەر ( 1916~ 1987 )**

**ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ئەمەت ئۆمەر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۇيغۇر**

**تىياتىرچىلىقىدىكى نادىر تىياتىرلارغا رېژىسسورلۇق قىلىپ ۋە ئۆزى رول ئېلىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇجەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەرگەن .**

**29.ئەمەت ھاجى ( 1882~ )**

1944)

كېسەللەرنى تونۇش ۋە داۋالاش

جەھەتتىكى مول بىلىمى ، شىپالىق

رېتسېپلىرى بىلەن خەلقىنىڭ چوڭقۇر

ھۆرمەتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە

ئېرىشكەن ئەمەت ھاجى كېرىيە

ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ ،

ئۆز زامانىسىدىكى يۇقىرى

ماھارەتلىك تېۋىپ بولغان . «

ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى » نىڭ 1 - تومىنى تۈزۈشكە قاتناشقان . ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر روھى ، بىلىمخۇمارلىقى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ .

.30ئەمەتجان ئەھمىدى ( 1931~ 1997 )

»باھارغا مەدھىيە (1-6) « ، »

« ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا قاتارلىق كى تابلارنىڭ مۇئەللىپى تونۇلغان مۇقام تەتقىقاتچىسى ئەمەتجان ئەھمىدى 1978 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تېگىشلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ،ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ساھەسىدە تۆھپىسى مەڭگۈ

يادلىنىدىغان شەخسكە ئايلاندى .

.31ئارسلان (1996 ~1950 )

»ئاھ ، مېنىڭ خەلقىم » ، « يۇلتۇزلار يۇرتى » ، « كىندىك قېنىم تامغان ماكان » ... قاتارلىق داستان ، شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئىقتىدارلىق شائىر ئارسلان ئۆز ئەسەرلىرىدە

**باشتىن - ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى مۇھىم ئ ورۇندا قويغان بولۇپ ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى تېخىمۇ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئەۋلادلىرى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان .**

**32.ئايشەم كېرەم ( 1931~ 1998 )**

تالانلىق كىنو - تىياتىر ، مۇقام چولپىنى ، ئۇ كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان . ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت تالانتى بىلەن « قادىر مەۋلان » « گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم » قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇنداپ تالانتىنى نامايان قىلغان. « غۇنچەم » ، « غېرىپ - سەنەم » « ئارشىن مال ئالان « ئوپېرالىرى ، «

رەنانىڭ تويى » « تاش ئۆستىدە ئېچىلغان گۈل » « نەسىردىن ئەپەندى « قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا رول ئېلىپ خەلقىمىز قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان .

.33ئېلىخان ھەزىتىم ( 1887~ 1989 )

»ئۇيغۇر تېبابەت ئاناتومىيىسى » ،
« ئالدىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار
كېسەللىك دورىسى « ، »
تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى
» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى
، يېتىلگەن ئۇستاز تېۋىپ ئىلخان
ھەزرىتىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى
خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن
بېغىشلىغان بولۇپ ، ئوردو ، پارس ،

ئەرەب ، تۈرك تىللىرى ۋە يېزىقلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ، يۇكسەك بىلىم ئىگىسىگە ئايلانغان . 102 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بۇ پېشۋانى كېيىنكى ئەۋلادلار ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ.

.34ئەزىروف قاسىم ( 1924 ~ 1994)

«ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى » نىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ، ناھايىتى كۆپ جەڭلەرنىڭ شاھىدى گېنېرال ئەزىزوف قاسىم قورال ئېلىپ جەڭ قىلىدىغان جەڭچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ھەربىي ئىلىم تەتقىقاتچىسى بولۇپ ، ئۇ يازغان » مارشالنىڭ نەسىھتى :» « ئۇرۇش ۋە قوماندان » « جەڭ

شەمشرى » « قساس خەنجرى «
قاتارلىق ئەسەرلەر كېيىنكى
ئەۋلادلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا
قالدۇرۇلغان ئىبسل مىراستۇر .
گېنرال ئەزىزوف ق اسىم خەلق
قەلبدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

35.مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف
( 1970 ~ 1915 )

گېنرال مايور مۇھەممەتئىمىن
ئىمنوف ئۇچ ۋىلايەت   ئىنقىلابىدا
مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇر
شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ
يىگىرمە يېشىدىلا كۆرەش جەڭچىسى
قابىل تەشكىلاتچى سۈپىتىدە
تونۇلغان ، ئۇنىڭ گومىنداڭنى
شىخودىن قوغلاش جېڭىدىكى
باتۇرلۇقنى ، خەلقنىڭ بەخت -

سائادتى ئۇچۇن شىددەتلىك ئوقلارغا پەرۋا قىلماسلىقتەك قەيسىرانە روسنى ئەۋلادلىرى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايدۇ .

**36.غوجا باۋۇدۇن جامالىددىن هاجى ( 1994 - 1916 )**

پۈتۈن ئۆمرىدە ئەللىك يىلدىن ئاتۇق ۋاقىتنى تىبابەتچىلىك

ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ ، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ،
كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان غوجا
باۋۇدۇن جامالىددىن ھاجى راك
قاتارلىق قىيىن كېسەللىكلەرنى
داۋالاشتا كۆپ ئىزدىنىپ ، يۇقىرى
ئۈنۈم ھاسىل قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ
تىرشچانلىقى كېيىنكى ئەۋلادلارغا

ئۇدۇم بولۇپ قالغۇسى .

**37.ئابدۇلھەمت يۇسۇف ( 1924~ 1944 )**

**مول بىلىملىك ، چوڭقۇر پىكىرلىك ئالىم ، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاق - پەزىلەت ئىگىسى ، نۇرغۇن تارىخىي ، تىببىي ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇلھەمت يۇسۇ ف**

ھاجى ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق  بىلىمى بىلەن يۇقىرى شۆھرەت ۋە ئىناۋەتكە ئېرىشكەن  .  بولۇپمۇ ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ  بۇ ساھەگە بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى .

.38هەمدەم بەگ هاجی ( 1980 ~ 1938 )

-1933يىلى قوزغالغان جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ، ھەربىي ئىلمدە يېتىلگەن ئىستېداتلىق ئەرباب ، پۇتلۇن ئۆمرى جەڭ ئىچىدە ئۆتكەن ئەل ئوغلى ھەمدەم بەگ ھاجى ھەر قانداق جەڭدە مەغلۇپ

بولماسلقى بلەن خەلق ئېچىدە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە نائىل بولغاندى . ئەپسۇسكى جاللات شېڭ شىسەي ھەمدەم بەگ ھاجىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرى قاتارىدا قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە نامەلۇم .

39.غازبىار ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-
4 ئەسىرلەر (
ئەپلاتون بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە
بولۇپ ئۆتكەن دەپ قارىلىۋاتقان
قەدىمكى داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپى
غازبىاي خوتەندە ئۆتكەن بولۇپ ،
ئۇنىڭ » غازبىايىنىڭ ئوت- چۆپ
دورىلار قامۇسى » ناملىق مەشھۇر
كىتابىنى يازغانلىقى مەلۇمدۇر. ئەينى

ۋاقىتتا ئەپلاتوُن ۋە ئۇنىڭ
شاگىرتلىرى غازىبايىنىڭ بۇ دورىلار
قاموُسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەتلەر
ئالغان . بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ
مىلادىيىدىن 3- 4 ئەسىر ئىلگىرىلا
ئىنسانىيەتنىڭ تېبابەت ئىلمىگە
غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ .

## 40.خېۋىر تۆمۈر ( 1922~ 1992 )

»موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە «
»ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە
» « بالدۇر ئويغانغان ئادەم »
«تاڭ ئالدىدا ... » قاتارلىق
ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى
پەزىلەتلىك كەمتەر ، تىرىشچان ،
يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئېسىل مىراسلىرى ئۇيغۇر ئەدەنىياتى غەزىنىسىدە مەڭگۈلۈك پارلاق چاچىدۇ .

**41.غېنى باتۇر**

**ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچتۈڭگۈرلۈكى**

**ھەققانىيەتپەرۋەرلىكى ، ئۇرۇشتكى باتۇرلۇقى ، قەھرىمانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا ھەر خىل ئەپسانىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بولغان غېنى باتۇر 40 -يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ناھايىتى مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان . ئۇ 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى بولغان .**

-1956يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ۋە 90-يىللاردا ئالمۇتادا ۋاپات بولغان .

42.خوجىنىياز ھاجى ( 1889 ~ 1938 )
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى ئۈنتۈلغۇسىز چوڭ

ئشلارنى قلغان . ئۇ قوزغغان
قوزغلاڭنى دەۋرىمز قەدرلەيدۇ
ھەمدە تارىخ ئۇنڭغا ئۆزنىڭ بباھا
ئالتۇن بەتلرىددىن ئورۇن بېرىدۇ .
خەلقمىز خوجنياز ھاجددىن
ئىبارەت ئازاتلىق ، ھۆرلۈك ئۈچۈن
كۆرەش قلغان ، ۋەتەن بىرلكنى
قوغدىغۇچى مىللي قەھرىماندىن
مەڭگۈ پەخرلنندۇ .

.43نيازى ( 1780 ~ 1865 )

موللا مۇھەممەت نياز بىننى

ئابدۇلغەفۇر خوتەننىڭ چىرىيە

ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ ،

كىچىكىدىن تارتىپ تىرىشچانلىق

بىلەن بىلىم ئىگىلەپ ، ك ۋپ

تەرەپلىمە ئىقتىدارنى ھازىرلاپ ،

ھاياتلىقىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان ، « قىسسەسۇل غەرايىب » « دىۋانى نىيازى » ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر . ئۇ يەنە تەرجىمە ساھەسىدىمۇ خېلى نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ ، « تارىخى رەشىدىي » نىڭ تەرجىمىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى .

**44.بايا رەھىم مەشرەپ**

**ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئازابلىق ئىزدەنىپ ئۆتكەن ئەلەملىك شائىر ، ئىسيانكار مۇتەپەككۇر ، ئۆزبېك ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك نامايەندە بايا رەھىم مەشرەپ 20 يىلغىچە داۋاملاشقان**

سەرگەردانلىق ھاياتنى باشلاپ ئاجايىپ ئىسىل شېئىرلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە ، ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ ، جاھالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى شەپقەتسىز پاش قىلغىنى ئۈچۈن بەلخ ھاكىمى مەھمۇدخان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

.45ناقس ( 1843 ~ 1922 (
يېقىنقى زامان         ئەدەبىيات
تارىخىمىزدىكى بىر قاتار بەدىئىي ۋە
ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن تاشقىرى
بەكمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە
بولغان قىزقارلىق ھەم كۈلكىلىك
ھەزىللىرى بىلەنمۇ يۇكسەك ھۆرمەت
ۋە شەرىپكە ئېرىشكەن تالانتلىق
ئەدىب ، « دىۋانى ناقىس » نىڭ

مۆئەللىپى ، »گۈلزار بىنش «
ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ ئىجادىي
ئۆزلەشتۈرگۈچىسى ناقسىنىڭ نام -
شەرىپى تىلدىن - تىلغا كۆچۈپ
ئەدەبىي يادلانغان ھالدا ئەدەبىيات
تارىخىمىزدىكى مۆتىۋەر ئەدىبلەر
قاتارىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇ .

.46نەزەر خوجا ( 1887 (1951 ~

ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
مەرىپەتپەرۋەر زات ، تارىخچى ،
يازغۇچى ، شائىر ۋە قەدىمكى زامان
ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى نەزەر
خوجا ( تەخەللۇسى ئۇيغۇر بالىسى (
پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەتكە ،
مائارىپقا ئاتىغان ، ھۆرمەتكە
سازاۋەر زاتلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر .
ئۇنىڭ يازغان ماقال ە ، ئەدەبىي

ئەسەرلىرى ۋە شېئىرلىرى » يورۇق ساھىللار » دېگەن نامدا توپلام قىلىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ ، قىممەتلىك مىراسقا ئايلىنىپ قالدى .

**47.تۆمۈر سجاڭ ( 1886~ 1933 (**

قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ

**ئىنقىلابقا ماسلىشىپ كۈچاردا**
**قوزغىلالىڭ كۆتۈرگەن تۆمۈر ئېلى**
**خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشەنچىسگە**
**ئېرىشىپ ، « سجالىڭ » لىق**
**مەنسىپگە تەيىنلەنگەن .**

**تۆمۈر سجالىڭ گەرچە قورقماس**
**بولسىمۇ ، ئەمما قارا كۈچىگە تايىنىپلا**
**ئىش كۆرمەكچى بولغاچقا ، ناھايىتى**

كۆپ ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويىدۇ .
شۇنداقتىمۇ تۆمۈر سىجاڭنىڭ خەلق
ئىنقىلابىدا ئوينىغان رولى ناھايىتى
چوڭ بولغان .

48.ئوسمان قاسىم ( 1920~
1944 )
قەشقەر بەشكېرەمدە تۇغۇلغان .
ناھايىتى كۆپ ئەپسانە -

رىۋايەتلەرنى يادقا ئېلىپ ، ئافراسىياپ ، قاراخان ، سۇتۇق بۇغراخان ، ئاقاق خوجا ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن . ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشى بىلەن مەتبەئەگە ئېلىنغان « ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز » ناملىق رىۋايەت چوڭ تەسىر قوزغىغان . ھەر خىل رىۋايەت توپلاملىرىغا ئۇ سۆزلەپ بەرگەن

رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن . ئۇ يەنە خېلى كۆپ ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان .

**49.ناسىر بەگ ( 1891~ 1979 )**
يىگىرمىچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەرجىمانلىق بىلەن تونۇلۇپ ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان ناسىر بەگ

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخدا
ياشىغان قابىلىيەتلىك
كىشىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر . گەرچە ئۇ
ياڭ ، جىن ، شېڭ ، ۋە گومىنداڭدىن
ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈمەتنىڭ
قولىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما
خەلق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇشنى
مەڭگۈ ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلغان .

**.50ئابدۇللا داموللا ( 1898 ~ 1940)**

**توقسۇندا تۇغۇلغان . 1933- يىلى تۆمۈر سىلىك قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن . كېيىن خوجنىياز ھاجى بىلەن بىللە بولۇپ ، قوشۇننىڭ ھەربىي تەمىنات مەسئۇلى بولغان ۋە شېڭ شىسەينىڭ چاقىرتىشى بىلەن**

ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازىرى ، ئۆلكىلىك مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ، ئۆلكىلىك تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلەپ ، خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىللە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن .

.51تىيىپجان ھادى ( 1922~

) 1989
يازغۇچى ۋە تارىخچى ، « پالۋان
كەلدى » ، « چورۇق ھېكىم » ،«
ئۆچكەدۆڭدە لاۋۇلدايدىغان
مەشئەللەر » نالىق ھېكايىلەرنىڭ ،
« ئىلى گۈلۈك بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
ئەۋلادلىرى » ناملىق تارىخى
ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپى تىيىپجان
ھادى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلۇپ

ئۆسكەن . ئۇ يېزىقچىلىق قىلىشتىن ئىنقىلابى ئۆچۈنمۇ مۇناسىپ تۆھپە قوشقان ، ئەپسۇسكى ، « ئىلى تارىخىدىن ئىزلار » ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى تاماملىيالماي دۇنيادىن ئۆتكەن .

.52 مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى ( 1914~ 1990 )

مول تارىخي بىلىمگە ئىگە
تارىخشۇناس ۋە تەزكىرىشۇناس ، «
قەشقەردىكى يادىكارلىقلار » « تارىخ
بىتىنى ۋاراقلىغاندا » « ئابدۇقادىر
داموللا ئۆلتۈرۈلگەن پاجىئەلىك
كېچە « قاتارلىق بىر يۈرۈش
تەتقىقات ۋە ئەسلەم خاراكتېرىگە
ئىگە ئېسىل ماقالىلىرى بىلەن
ئۆچمەس ئىزلارنى قا لدۇرغان

**مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى ( ئىشقى ) بىلىمخۇمار ئەۋلادلار قەلبىدىن مەڭگۈ يادلىنىدۇ .**

**53.روزى ھاجىم ( 1860 ~ 1962 )**

**ۋەتەنپەرۋەر ، مىللەتپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر زات روزى ھاجىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ**

، ئۇ ھەرخىل خەلق قوزغىلاڭلىرىغا
قاتناشقاندىن سىرت ، ئۇرۇمچىدە «
ئەختەرىيە ، )دەسلەپتە » تۇرانى »
ئىدى ) مەكتىپنى ئىچىپ ئەۋلاد
تەربىيەلەشكە كۈچ چىقارغان . ئۇ يەنە
شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى
جەھەتتە تۇرتكىلىك رول ئوينىغان
بولۇپ ، تارىخ سەھىپىسىدىن
مۇناسىپ ئورۇن ئالغان .

.54شاتگۈل ئۇيغۇر   (  1960~
1987  )

»رەنانىڭ تويى   »  فىلىمدە
ياسانچۇق قىز سوفىيەنىڭ ،  «
ئارتىس بولالمىغان قىز  «  فىلىمدە
چاقچاقچى شوپۇر قىز ھۆرىيەتنىڭ  «
سىرلىق كارۋان   »  فىلىمدە بېشىغا
كەلگەن       تەقدىر تۆپەيلىدىن

**ئوخشاشمغان ئىككى خىل شارائىتتا چوڭ بولغان ، ئىككى خىل خاراكتېردىكى قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار - ئاينۇر بىلەن ماھنۇرنىڭ ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يارىتىپ تاماشىبىنلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئارتىس شاتگۈل بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا قىلغان.**

55.تۇرسۇن ئايۇپ ( 1947~ 2003 )

جۇڭگودىكى تۈركولوگىيە ساھەسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى ، تۈركول وگىيىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان ئالىمى ، پروفېسسور ، « ئوغۇزنامە »، « قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » قاتارلىق بىر تالاي مۇھىم

ئەسەرلەرنى نەشرگە
تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىرى .
تارىخشۇناس زات تۇرسۇن ئايۇپ
ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئۇچۇن بىر
ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان .
خەلقىمىز بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى
چىن قەلبىدىن ئەيسلەيدۇ .

## 56.موللا بىلال ( 1823~ 1900 )

XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى
تەنقىدىي رېئالىزىم ئاساسچىلىرىدىن
بىرى ، « غەزەلىيات » ناملىق
دىۋاننىڭ ، « غازات دەرمۈلكى چىن
» ، « چاڭموزا يۈسۈپجان » ، «
نۇزۇگۇم » قاتارلىق داستان -
قىسسەلەرنىڭ مۇئەللىپى موللا بىلال
بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى غۇلجا
شەھىرىدە تۇغۇلغان . شائىرنىڭ

پۈتۈن ھاياتى نامراتچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەما بولۇپ قېلىپ ، ياركەنت شەھىرىدە دۇنيادىن ئۆتكەن . موللا بىلال خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ مۆتىۋەر ئورۇندا ياشايدۇ .

**.57بىلال ئەزىزى ( 1921___ 1945 )**

ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە مۇئەييەن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھنىسىگە ئۆز نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن .
ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر بىلال ئەزىزى خوتەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان . ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىقلار بىلەن

بىرلىكتە ، « ياش ئۇيغۇرلار
ئىتتىپاقى » نى قۇرغان ۋە ئالدىنقى
مەسئۇللىرىدىن بولغان . ئەپسۇسكى
، دوستلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ
قاتارلىقلار بىلەن بىللە 1945 _ يىلى
18- سىنتەبىردە ۋەھشىيلەرچە
ئۆلتۈرۈلگەن . بۇ چاغدا ئۇ ئاران 24
ياشتا ئىدى .

.58مۆجىزى XVIII ) ئەسر (
»تەۋارىخى مۇسقىيۇن «
( مۇزىكچىلار تارىخى ) ناملىق
رىسالىسى بىلەن تونۇلغ ان موللا
نىمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا
( مۆجىزە ) خوتەندە ئۆتكەن بولۇپ ،
ھاياتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات
يوق . ئەمما « تارىخي مۇسقىيۇن »
ناملىق قىدىرخان يەركەندى ،

ناملق قېدىرخان يەركەندى ، ئامانىنساخان توغرىسىدىكى مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بۇ ئەسەر مۆجىزىنىڭ نامىنى كەڭرى تارقىتىپ شۆھرىتى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە .

.59جامالىدىن ئاقسارايى ( XIX ئەسىردە ئۆتكەن (

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنى توپلاش ، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان بىلىملىرى ئاساسىدا « كىتابى تىب ئاقسارايى » ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇلۇپ تېبابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدە خەلقئارا يۈزلەنگەن مۆتىۋەر ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى

قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئالىمنىڭ ئەسىرى ھىندىستاندا 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن .

.60قەمبەرخانىم ( 1922~ 1994 ( ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر

**ئۇسسۇلچىسى قەمبەرخانىم قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان . ئۆزبېكىستان ، موسكۋا قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئالغان . موسكۋادا ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلى « نىم پەدە » نى ئورۇنداپ ، تاماشىبىنلارنى تاڭ قالدۇرغان . 1947- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان**

قاسى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان . ھازىر ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئۇسلۇبى تەتقىق قىلىنماقتا.

بىر ئۆمۈر ئۇسسۇل بىلەن ياشىغان قەمبەرخانىم خەلقىمىز قەلبىدە يادلىنىدۇ .

**61.موللا شاكىر ( 1805~ 1870 )**

ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچىسى ، موللا شاكىر « زەفەرنامە » ناملىق داستانى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ ھاياتى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندا ئۆتكەن بولۇپ ، ھاياتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئەمما ، « زەفەرنا » داستانى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ۋە تارىخىي قىممىتى بىلەن

ئەۋلادىلىرى قەلبىدە    ئۆ مەڭگۈ هايات .

.62موللا ئىسلام   (  شاڭزۇڭ  )
( 1960 ~1890 )
-1943يىلى دەسلەپتە 17 نەپەر ئۇيغۇر ياشتىن تۈزۈلگەن پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىپ ، گومىنداڭغا قارشى كۆرۈشكە ئاتلانغان موللا

ئىسلام ئالتاي ، تارباغاتاينى ئازاد
قىلىشتا ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە
يېقىندىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ ،
پارلاق نەتىجە        ياراتقان ھەم
ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا ئۆز
قولى بىلەن بىر ھەربىي خەنجەر ، بىر
ئالتۇن ئۇچلۇق قەلەم تەقدىم
قىلغان .  موللا ئىسلامنىڭ خەلق
ئازادلىق ھەرىكىتىدە        كۆرسەتكەن

ئۆلۈغ تۆھپىلىرىنى خەلق مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ .

.63ھاشىم ھاجى (1952 ~1869 )

شىنجاڭ ، ئوتتورا ئاسىيا ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەردە دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن نام قازانغان . ئايمخان

...قاتارلىق ئاخۇن ، سىدىق ھاجى
پەرزەنتلىرىنى مۇقامچىلىق ۋە
داراۋازلىقتا ۋايىغا يەتكۈزۈپ
تەربىيلىگەن مەشھۇر سەنئەتكار . ئۇ
خوتەن قاراقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
بولۇپ ، كىچىكىدىن داراۋازلىق
سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ ، ئۇنى
بىر ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلغان .
نەتىجىسىدە ئۇ ۋېيغۇر داراۋازلىقىنىڭ

بۇگۈنگە يېتىپ كېلىشىدە كۈۋرۈكلۈك رول ئوينىغان .

.64لۇتفى (1465 ~1366 )
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ
XV ئەسىردىكى يېتەكچى
نامايەندىسى مەۋلانا لۇتفى هىراتتا
دۇنيىغا كەلگەن بولۇپ ، بىر يىل كەم
بىر ئەسىرلىك هاياتىنىڭ ئاساسى

قىسمىنى ئىجاد يەتكە بىغىشلىغان . ئۇنىڭ « گۈل ۋە نەۋرۇز » ناملىق داستانى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . لۇتفىغا نەۋائى « ئۆز دەۋرىنىڭ مەلىكۇل كەلامى » ( سۆز پادىشاھى ) دېگەن نام بەرگەن . لۇتفى ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ ، ئەسلى ئىسمى نامەلۇم .

65.ئابلمت ھاجيوف ( 1917~ 1933 )

ئاتۇش ناھيىسىدە تۇغۇلغان .

1944-يىلى 9- ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت -

**مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، بولۇپ ، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان . ئۇ كېيىنمۇ ھەرخىل مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ 76 يېشىدا ۋاپات بولغان .**

**66.ئەسئەت ئىسھاقوۋ ( 1912~**

1976 )

پىشقەدەم زىيالىي ، رەھبەر ئەسئەت ئىسھافوۋ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە « شىنجاڭدا تىنچلىق ، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » نىڭ تەشكىللىي ھەيئەت ئەزاسى » نىڭ تەشكىللىي ھەيئەت ئەزاسى ، ۋاقىتلىق مەسئۇلى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن .

كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ ، كىرىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى . ئەپسۇسكى ، ئۇ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولدى .

**67.ﻏﯧﻨﻰ ﻛﯧﺮﯨﻤﻮﻑ (1922~ 1949)**

**ﻏﯘﻟﺠﺎ ﺷﻪﮬﻪﺭﺩﻩ ﺗﯘﻏﯘﻟﻐﺎﻥ . 1944 - ﻳﯩﻠﻰ ﺋﯜﭺ ﯞﯨﻼﻳﻪﺕ ﺋﯩﻨﻘﯩﻼﺑﯩﻐﺎ ﻗﺎﺗﻨﯩﺸﭗ ، 1944 - ﻳﯩﻠﻰ ﺋﯜﭺ ﯞﯨﻼﻳﻪﺕ ﺋﯩﻨﻘﯩﻼﺑﯩﻐﺎ ﻗﺎﺗﻨﯩﺸﭗ ، 1949 - ﻳﯩﻠﻰ 8 - ﺋﺎﻳﺪﺍ ﺋﺎﺑﺪﯗﻛﯧﺮﯨﻢ ﺋﺎﺑﺎﺳﻮﻓﻨﯩﯔ ﻣﯘﮬﺎﭘﯩﺰﻩﺗﭽﯩﺴﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ**

، ئۆچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن
بىرلىكتە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ
ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ
ۋاپات بولغان . ئۇ دەسلەپتە ئۈمىد
مەكتىپىدە ئوقۇپ ، يەنە شۇ مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى .

68. ھۆسەيىنبەگ ( 1899~ 1934 (
ئىقتىدارلىق جامائەت ئەربابى ۋە

سىياسىيون       ھۆسەيىنبەگ ئۆز مەتبەئەسى بىلەن 1919- يىلى كۆزدە « ھۆر سۆز » گېزىتىنى چىقارغان » . ئىلى سەنىمى » نى رەتلەپ ھازىرقى ھالغا كەلتۈرگەن .

-1927يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن « ھۆسەيىنىيە مەكتىپى ( ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ ( نى

سالدۇرغان ... بۇ مەرپەتۇر زات ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوينىغان غايەت زور رولى بىلەن ئەۋلادلىرى قەلبىدە چوڭقۇر يادلانماقتا .

**69.ئەنۋەر ناسىرى (1914~ 1946)**

**شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئۇيغۇر ھازىرقى**

زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى بىلەن
ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا بەلگىلىك
ئورۇن تۇتىدۇ . شائىرلارنىڭ
ئەسەرلىرى گەرچە سان جەھەتتىن
كۆپ بولمىسىمۇ ، ئەمما ناھايىتى
قىممەتلىكتۇر . ئۇ ئىلغار ئىدىيىلىك
شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ل .
مۇتەللىپنىڭ « مېنىڭ دەسلەپكى

ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى »
دەپ تەرىپلىشكە ئېرىشكەندى .

.70ئولبۇلخەيرى ( 1934~
1944 )

»ئامانىنساخان « ، »نەسردىن
ئەپەندى » ، « بەخت ناخشىسى »
، « مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان » ، «
يول باشلىغۇچى » ، « غېرىپ -

سەنەم » ، « رەنانىڭ تويى » ....
قاتارلىق كىنولاردا رول ئېلىپ
خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە
ئېرىشكەن . كىنو ، تىياتىر ئارتىسى
ئوبۇلخەيرى ئۆمۈر بويى تىياتىر ۋە
كىنو سەنئىتى ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىپ ، تاماشىبىنلار قەلبىدە
ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان . ئۇ
ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ

ئەسلىندۇ .

**71.ئابدۇراخمان هاۋاز ( 1935~ 1993 )**

**»ئانارخان » ، « يايلاقتىكى بۇركۇت » ، « قۇملۇقتىكى يېشىل دولقۇن » ، « يول باشلىغۇچى » ، « غېرىپ - سەنەم « قاتارلىق كىنو فىلىملىرىدە ۋە بىر مۇنچە تېلېۋىزىيە**

فىلىملەردە باش رول ، ئاساسلىق روللارنى ئوريناپ ، خەلق قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ئابدۇراخمان ھاۋاز 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان « جۇڭگو كىنوچىلىرى » ناملىق چوڭ تىپلىق كىنو لۇغىتىدە بىردىنبىر ئۇيغۇر كىنو ئارتىسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان .

72.نىمشىھت (1972 ~ 1906 )
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان
ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، داڭلىق
شائىر ۋە جامائەت ئەربابى ، «
ۋەتەن مۇھەببىتى » « شېئىرلار » ، «
يۇرەك سۆزى » ، « مىك ئۆي ۋە
پەرھاد - شېرىن » قاتارلىق داستان
ۋە شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى
ئەرمىيا ئېلى سايرامى ھەققىي

ۋەتەنپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر ، يېڭى
دەۋرنىڭ كۈيچىسى بولۇپ ، ئۆز
ۋاقتىدا بىر قولىغا قەلەم ، بىر قولىغا
ئەلەم ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق
ئىشلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن
جاپالىق ئەمگىكى قەلب تۆرىمىزدە
مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

73.ئەھمەت زىيائى ( 1913~

**) 1989**

**ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ**

**ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى ،**

**پېشقەدەم شائىر ، تالانتلىق**

**دراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس**

**ئەھمەد زىيائى 19 47- يىللا «**

**تۇزىماس چېچەكلەر » « لاداخ**

**يولىدا كارۋان » « ۋىجدان ۋە**

**مۇھاكىمە » قاتارلىق كىتابلارنى**

نەشىر قىلدۇرۇپ زور شۆھرەت قازانغان . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ناھايىتى شانلىق ئىز قالدۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۇشقۇن ھېسسىيات ، باي تەسەۋۋۇر ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە كەيپىياتى بىلەن تولغان بولۇپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە پارلاق نۇرچاچىدۇ .

.74سەيپىددىن ئەزىزى ( 1915~ 2003 )
»سۇتۇق بۇغراخان « ، »ئۆمەر داستانى » قاتارلىق رومان ، ئەسلىمىلەرنىڭ مۇئەللىپى كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى سەيپىددىن ئەزىزى قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭ ئېلىپ ماڭالىغان

بىردىنبىر مەسئۇلىيەتچان رەھبەر، تېرىشچان يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن روشەنلىككە، بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئىگە . ئۇنىڭ رەھبەرنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپمۇ قەلەمنى تاشلىمىغان ئېسىل خىسلىتى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈرنەك بولۇپ قالغۇسى .

75.زۇنۇن قادىرى ( 1912~ 1989 )

»غۇنچەم » ، « گۈلىسا » « ماغدۇر كەتكەندە » « شەپقەت ھەمشىرى » قاتارلىق ئوپېرا ئەسەرلەرنىڭ ئىجادچىسى ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ،

تالانتلىق يازغۇچى ۋە داراماتورگ
زۇنۇن قادىرى ئۆيغۇر ئەدەبىياتىنى
ئەدىبە ھەم بەدىئىلىك جەھەتتە
يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن .
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەدەبىياتىمىز
تارىخىدا ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ
باشلامچىسى سۈپىتىدە ئەڭ
ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ،
خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن

ئالغان .

.76قۇربان ئىمىن ( 1914~ 1992 )

»تارىم غەزەللىرى » ، « قەشقەر ئاۋازى » ، « مېنىڭ نا خشام » قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى قۇربان ئىمىن ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت هاياتىدا هارماي

- تالماي ئىزدىنىپ   ئۆزگىچە خاس
ئۇسلۇپ ياراتقان شائىرلارنىڭ
بىرىدۇر. ئۇ ئارزۇ ۋە زىنىنىڭ ھەرخىل
شەكىللىرىدە شېئىر، داستانلارنى
يېزىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل
جەھەتتە كۆپ      خىللىقىغا قاراپ
راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشقان      .
ئۇنىڭ شېئىرلىرى چۈشىنىشلىك،
ئاممىباب، مىللىي پۇرىقى قويۇق

بولغاچقا ، خەلق ئىچىگە تېزلا
ئۆزلىشىپ كەتكەن . .

**.77تۇردى سامساق ( 1923~ 1992 )**

»ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ، « بەش تال ئوق » « ئۆچمەس يۇلتۇزلار » قاتارلىق ئېسل ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ، ئەدەبىياتىمىزدىكى

كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى تۇردى سامساق خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان يازغۇچىدۇر.

ئۇ ئىجادىيەتنى كۈرەش دەپ تونۇغان بولۇپ ، ھەر بىر جۈملە يازمىسىغا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئىچىگە چوڭقۇر

**يىلتىز تارتىپ ، ئۆزگىچە خاس ئورۇنغا ئىگە بولغان .**

**78. ئابدۇكېرىم خوجا ( 1928~ 1988 )**

**ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى ، ئاتاقلىق شائىر ۋە پىشقان ژۇرنالىست ، ئۇيغۇر بوگۇنكى زامان تەرجىمە**

ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ، « باھار ناخشىسى » « تۇپراق ، باھار ۋە مەن » ن قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇكېرىم خوجا لىرىك ھېسسىيات بىلەن مول پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يۇغۇرۇپ ، كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان ئىدىيۋى كۈچ ھاسىل قىلىدىغان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر . خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭ مول ،

جاپالىق مىنۇى ئەمگەكلىرىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ .

79. جاپپار ئەمەت ( 1929~ 1999 )

ئىزدىنىش روھىغا باي ، سەممىي ، پەزىلەتلىك شائىر ، ژۇرنالىست جاپپار ئەمەت 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ھاياتىدا ئ ەدەبىياتنىڭ

**ھەممە تۈرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان .**

**مەنبە: www.uyghurqq.com**

**ئىشلىگۈچى: ئۇيغۇر يانفۇن تورى**

**تېخىمۇ كۆپ ئىلكتاب چۈشۈرۈش**

**http://www.uyphone.org**